# خىتاي-سۇرىيە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى

ھازىرلىغۇچى: ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
مۇھەررىر: د. ئابدۇرېھىم دۆلەت

بەشار ئەسەد ھاكىمىيىتىنىڭ 2024-يىلى دېكابىردا يىمىرىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھەيئەتى تەھرىرۇششام (شامنى ئازات قىلىش ھەيئىتى)باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، سۇرىيەنىڭ گېئوپولىتىكىلىق مەنزىرىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى ۋە يەرشارىۋى كۈچلەر ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ھەرىكەتچان بىر مەيدان ياراتتى. ئەسەدنىڭ ئۇزۇن يىللىق قوللىغۇچىسى بولغان خىتاي، يېڭى سۇرىيە رەھبەرلىكى بىلەن تېزلىكتە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى كېڭەيتىشنى ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇشنى نىشان قىلماقتا. ئەمما، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاھالىسىگە قاراتقان سىياسەتلىرى ـ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى باستۇرۇش دەپ كەڭ تۈردە ئەيىبلەنگەن ھەرىكەتلەر ـ مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان سۇرىيەدىكى دىپلوماتىك ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن مۇھىم بىر توسالغۇ شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ ماقالە، خىتاي-سۇرىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كىرىزىسىنىڭ ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتلەر، رايونلۇق دىنامىكىلار ۋە سۇرىيە، خىتاي ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زىت مەيدانلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ھالقىلىق رولىنى تەھلىل قىلىدۇ.

## خىتاي-سۇرىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

خىتاينىڭ 2024-يىلىدىن ئىلگىرىكى سۇرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئارىلىشىۋالماسلىق سىياسىتى ۋە تاللانما ئىقتىسادىي ئالاقە ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي، ئەسەد ھاكىمىيىتىنى نىشان قىلغان قارارلارنى ئىزچىل رەت قىلىپ، رۇسىيە بىلەن بىرلىكتە غەرب باشچىلىقىدىكى ئېمبارگولار ياكى ھەربىي مۇداخىلە ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى (South China Morning Post [SCMP], 3 Mayıs 2025). بۇ مەيدان، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسلانغان تېخىمۇ كەڭ تاشقى سىياسەت تەلىماتىغا تايىناتتى، ھەمدە بۇ پىرىنسىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا ئەسەد ھۆكۈمىتىگە ئاۋاز قوشاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن، خىتاينىڭ سۇرىيەدىكى مەۋجۇتلۇقى، توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىكى سەۋەبىدىن چەكلىك ئىدى، ئەمما ئېنېرگىيە، ئۇل ئەسلىھە ۋە سودا ساھەلىرىدە كىچىك كۆلەملىك مەبلەغ سالدى، بۇلار ئادەتتە

«بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى رامكىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى (Lebanon24, Ocak 2025). نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە پورت تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلەر، خەۋپسىزلىك ئەندىشىلىرى سەۋەبىدىن چەكلەندى، ئەمما بۇلار خىتاينىڭ سۈرىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىغا بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك قىزىقىشىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەسەد ھاكىمىيىتى، خىتاينىڭ دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە بولغان بېقىندىلىقى سەۋەبىدىن دىققەتنى تارتىدىغان دەرىجىدە سۈكۈت قىلدى. 1884-يىلى خىتاي تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە 1949-يىلى ئۆكتەبىردە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تولۇق كونتروللۇقى ئاستىغا كىرگەن شەرقىي تۈركىستان، بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسىگە قاراتقان سىياسەتلىرى سەۋەبىدىن خەلقئارالىق مۇنازىرە مەركىزىگە ئايلاندى (BBC Arabic, Ocak 2025). ئەسەد ھۆكۈمىتى، خىتاينىڭ ب د ت دىكى رەت قىلىش ھوقۇقىغا بېقىندى بولغاچقا، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلەر دەپ بۇرمىلايدىغان بېيجىڭنىڭ بايانلىرىنى قوللىدى ۋە ئىككى تەرەپلىمىك مۇناسىۋەتنى خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان ھەرقانداق تەنقىدتىن ئۆزىنى قاچۇردى (Al-Istiqlal, Ocak 2025). بۇ تارىخىي ماسلىشىش، خىتاينىڭ ھازىرقى ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن بىر ئاساس يارىتىپ بەرمەكتە؛ بۇ ئىستراتېگىيە، ئۆتمۈشتىكى ياخشى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىشنى ۋە تەھرىرۇششام ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي-مەدەنىيەت مۇرەككەپلىكلىرىنى باشقۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## خىتاينىڭ تەھرىرۇششام باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىسى

ئەسەدنىڭ 2024-يىلى دېكابىردا ئاغدۇرۇلۇشى، خىتاينىڭ تېز ۋە ئەمەلىيەتچان بىر ئىنكاسىنى قوزغىدى. خىتاي، غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتىلىشىگە قارىماي، تەھرىرۇششام باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەتنى يوشۇرۇن ھەمكارلاشقۇچى دەپ ئېتىراپ قىلدى. بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، «ئومۇمىيۈزلۈك ۋە مۇقىم» بىر سۈرىيەنى قوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، تەھرىرۇششام بىلەن ھەمكارلىشىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى (SCMP, 18 Aralık 2024). بۇ تەشەببۇس، يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىك ئالاقىلەر بىلەن نەتىجىلەندى. 2025-يىلى ئاپرېلدا سۈرىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەسئەد شەيبانى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق» تەكلىپىنى بەردى (SCMP, 28 Nisan 2025). خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى، كېيىنكى سۆھبەتلەردە قايتا قۇرۇش ۋە مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، خىتاينىڭ سۈرىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسلىگە كېلىشىگە بولغان ۋەدىسىنى قايتا تەكىتلىدى (SCMP, 3 Mayıs 2025). سۈرىيە تاراتقۇلىرى، تەھرىرۇششام رەھبىرى ئەھمەد شارانىڭ 2025-يىلى مارتتا بىر خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن مەبلەغ سېلىش

ئىمكانىيەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە بۇ سۇرىيەنىڭ ۋەيران بولغان ئىقتىسادىنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن جىددىي سەرمايە ئېھتىياجىنى گەۋدىلەندۇردى (Syria TV, Mart 2025).

خىتاينىڭ ئارىلىشىشى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىستراتېگىيەلىك نىشانلار تەرىپىدىن يېتەكلىنىدۇ. بۇ نىشانلارنىڭ بىرى ئىقتىسادىي كېڭىيىش بولۇپ، سۇرىيەنى قايتا قۇرۇش تەخمىنەن 250-400 مىليارد دوللارلىق تەننەرخ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى دائىرىسىدە خىتاي شىركەتلىرى ئۈچۈن مول پايدىلىق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇل ئەسلىھە (يول، تۆمۈريول، پورتلار)، ئېنېرگىيە (نېفىت ۋە تەبىئىي گاز) ۋە تېلېگراف تۈرلىرى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلماقتا. خىتاي تۆمۈريول قۇرۇلۇش شىركىتى ( China Railway Construction Corporation) قاتارلىق شىركەتلەر باشلامچىلىق قىلىشقا تەييار (Washington Institute, Ocak 2025; SANA, Nisan 2025). بۇ پىروجەلەر، سۇرىيەنى خىتاينىڭ رايونلۇق سودا تورلىرىغا قوشۇش نىشانىغا ماس كېلىدۇ. يەنە بىر نىشان گېئوپولىتىكىلىق تەسىر بولۇپ، تەھرىرۇششام بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، خىتاينى ئوتتۇرا شەرقتە بىتەرەپ مۇرەسسەچى كۈچ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئامېرىكانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە خىتاي-ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مۇنبىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك سۇپىلاردىكى رولىنى كۈچەيتىدۇ (SCMP, 3 Mayıs 2025). بۇ ھەرىكەت توقۇنۇشتىن كېيىنكى دۆلەتلەر ئۈچۈن، خىتاينى غەربنىڭ يېگانە قالدۇرۇش سىياسەتلىرىگە قارشى ئىشەنچلىك ھەمراھ سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئاخىرقى نىشان رايونلۇق مۇقىملىق بولۇپ، مۇقىم بىر سۇرىيە، خىتاينىڭ ئىراق ۋە تۈركىيە ئارقىلىق ئۆتىدىغان ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ياۋرو-ئاسىيا ئۇلىنىشى ئۈچۈن ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە سودا يوللىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ (Al-Istiqlal, Ocak 2025). مۇقىملىق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوشنا دۆلەتلەردىكى خىتاي مەبلەغلىرىگە يۈزلەنگەن خەتەرلەرنىمۇ ئازايتىدۇ. ئەمما، خىتاينىڭ بۇ نىشانلىرى قانچىلىك چوڭ بولسۇن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى، سۇرىيەنىڭ مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ئاھالىسى، تەھرىرۇششامنىڭ ئىسلامچى يىلتىزى ۋە رايوننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ باستۇرۇلۇشىغا بولغان سەزگۈرلۈكى سەۋەبىدىن، تولىمۇ مۇھىم، شۇنداقلا تولىمۇ مۇرەككەپ بىر مەسىلە شەكىللەندۈرمەكتە (BBC Arabic, Ocak 2025).

## ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى: يەرشارىۋى ۋە رايونلۇق توقۇنۇش نۇقتىسى

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرى، ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سۈپىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئەيىبلەنمەكتە. خىتاي ستاتىستىكىلىرىغا كۆرە تەخمىنەن 12 مىليونلۇق[1] ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاھالىسىدىن بىر مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە كىشىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇشى، پاختا، توقۇمىچىلىق ۋە قۇياش ئېنېرگىيە تاختىسى

[1] دىئاسپورادىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ۋە تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ، خىتايلارنىڭ دېگىنىدەك 12 مىليون ئەمەس، بەلكى 25-30 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىدۇ. (مۇھەررىردىن)

ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ساھەلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى، ھەمدە دىنىي پائالىيەتلەر، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەرگە قويۇلغان چەكلىمىلەر بىلەن سىستېمىلىق مەدەنىيەت يوقىتىشقا ئوخشاش قىلمىشلارغا دۇچ كەلدى (BBC Arabic, Ocak 2025). بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (Human Rights Watch) دوكلاتلىرى، بۇ ھەرىكەتلەرنى يوشۇرۇن «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر» دەپ تەسۋىرلەيدۇ؛ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بولسا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تونۇپ يېتىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئورگانلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزدى.(Washington Institute, Ocak 2025)

مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە، ئۇيغۇر كىرىزىسىگە بولغان ئىنكاسلار ئىقتىسادىي ۋە گېئوپولىتىكىلىق ئامىللارغا قاراپ ئوخشىمايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان ۋە بىرلەشمە ئەرەب ئەمىرلىكلىرى قاتارلىق خىتاي مەبلىغىگە زور دەرىجىدە بېقىنىدىغان دۆلەتلەر، يا سۈكۈت قىلدى ياكى بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش دەپ بۇرمىلايدىغان باياناتلىرىنى قوللىدى (Al-Istiqlal, Ocak 2025). ئەمما بۇ دۆلەتلەردە جامائەت پىكرى ئادەتتە باشقىچە بىر مەنزىرە سىزىپ بېرىدۇ، ئاساسىي قاتلام ھەرىكەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ پائالىيەتچىلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمدەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. سۈرىيەدە، ئۇيغۇر مەسىلىسى تۆۋەندىكى ئامىللار سەۋەبىدىن ئالاھىدە ئەكس سادا قوزغايدۇ: تەھرىرۇششامنىڭ ئەمەلىيەتچان ھېسابلىرى شۇكى، تەھرىرۇششام رەھبىرى ئەھمەد شارا، ئىقتىسادىي قايتا قۇرۇشنى ئىدېئولوگىيەلىك ئىختىلاپلاردىن ئەلا بىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بايان بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى (Syria News, Nisan 2025). بۇ، تەھرىرۇششامنىڭ سۈكۈتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمما بۇ سۈكۈت ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دەۋاسىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان يەرلىك تەبىقىلەرنى يىراقلاشتۇرۇش خەۋپىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ (SCMP, 28 Nisan 2025). جامائەت پىكرىنىڭ سەزگۈرلۈكىگە كەلسەك، ئەسەد ھاكىمىيىتىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان سۈرىيەنىڭ سۈننىي كۆپ سانلىق ئاھالىسى، ئۇيغۇر كىرىزىسىنى مۇسۇلمانلار ھەمدەرتلىكى نۇقتىسىدىن كۆرىدۇ. ئىدلىبتىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇ پائالىيەتلىرى ۋە نامايىشلار، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرىشى بىلەن سۈرىيەنىڭ كۈرىشىدىكى ئوخشاشلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمدەرت بولۇشقا چاقىردى (BBC Arabic, Ocak 2025). بۇ ئاساسىي قاتلام ھەرىكەتلىرى، تەھرىرۇششامنى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا، ھېچ بولمىغاندا سىمۋوللۇق دەرىجىدە بولسىمۇ، مەجبۇرلىشى مۇمكىن. رايونلۇق تەسىرلەرگە كەلسەك، تەھرىرۇششامنىڭ مۇھىم قوللىغۇچىسى بولغان تۈركىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇر سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلدى، مۇھىم بىر بۆلۈك ئۇيغۇر دىئاسپوراسىغا ساھىبخانلىق قىلدى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى (Al-Istiqlal, Ocak 2025). تۈركىيەنىڭ سۈرىيەدىكى، بولۇپمۇ تەھرىرۇششام كونتروللۇقىدىكى شىمالىي رايونلاردىكى تەسىرى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى تېخىمۇ تەنقىدىي بىر مەيداننى تاللىشىغا ئىتتىرىشى مۇمكىن (Washington Institute, Ocak 2025). تارىخىي مىساللارغا كەلسەك، ئۇيغۇر مەسىلىسى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىسيانچى گۇرۇپپىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن

قېرىنداشلىق ئىپادىلىشى بىلەن سۈرىيەنىڭ جامائەت پىكرىدە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تارىخىي تونۇش، مەسىلىنىڭ تەھرىرۇششام ھاكىمىيىتى ئاستىدا مۇھىملىقىنى ئاشۇردى.(BBC Arabic, Ocak 2025)

(Ocak 2025) Lebanon24 سۈرىيەنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلىشىنىڭ رايونلۇق زەنجىرسىمان ئىنكاسىنى قوزغىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە ئىراق، ئىئوردانىيە ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرلىرىنى خەتەرگە ئۇچرىتىشى مۇمكىنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. بۇنىڭغا قارىتا، سانا ئاگېنتلىقى(Nisan 2025) ، خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايانلىرىنى تەھرىرۇششامنىڭ دائىشقا قارشى مەيدانى بىلەن ماسلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقلىرىنى تەكىتلىدى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى يوشۇرۇن تەنقىدلەرنى بىكار قىلىش ئۈچۈن ئورتاق بىر خەۋپسىزلىك ئەندىشىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى (SANA, Nisan 2025).

## سۈرىيەنىڭ مەيدانى: ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلەر ۋە ئىدېئولوگىيەلىك بېسىملار

تەھرىرۇششام باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت، ئۇل ئەسلىھەلەر ۋەيران بولغان، ئىقتىساد تەرەققىيات توختىغان ۋە 15 مىليون كىشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمگە موھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇنداق ئېغىر بىر ئىقتىسادىي كىرىزىس شارائىتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا (Washington Institute, Ocak 2025). خىتاينىڭ شەرتسىز ئارىلىشىش ۋەدىسى، دەسلەپتە 10-20 مىليارد دوللارلىق قايتا قۇرۇش تۈرلىرى بىلەن بېيجىڭنى ھالقىلىق بىر ھەمراھقا ئايلاندۇردى .(Washington Institute, Ocak 2025) سانا ئاگېنتلىقى ۋە Syria News قاتارلىق سۈرىيە تاراتقۇ ئورگانلىرى، تۆمۈريول، ئېنېرگىيە تورى ۋە پورت يېڭىلاش تۈرلىرىدە خىتاينىڭ قاتنىشىشىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تەكىتلەپ، بېيجىڭنى سۈرىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسلىگە كېلىشىدە ئىشەنچلىك بىر ئىتتىپاقداش سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ (SANA, Nisan 2025; Syria News, Nisan 2025). 2025-يىلى مارتتا تەھرىرۇششام رەھبىرى ئەھمەد شارا بىلەن خىتاي ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەر، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلار ۋە ئورتاق كارخانىلار ئۈچۈن قويغان تەكلىپلەر بىلەن سۈرىيەنىڭ بۇ مەبلەغلەرگە ئېرىشىش ئىستىكىنى ئاشكارىلىدى (Syria TV, Mart 2025).

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەھرىرۇششام، خىتاي بىلەن ماسلىشىشنى مۇرەككەپلەشتۈرىدىغان مۇھىم ئىدېئولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي بېسىملارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ بىرى يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆتكەنلىرى بولۇپ، ئۇزۇن يىل توقۇنۇش ۋە باستۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن سۈرىيەنىڭ سۈننىي كۆپ سانلىق ئاھالىسى، يەرشارىۋى مۇسۇلمان دەۋالىرى بىلەن كۈچلۈك باغلىنىش ھېس قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كىرىزىسى چوڭقۇر ئەكس سادا قوزغايدۇ، تەھرىرۇششام كونتروللۇقىدىكى رايونلاردا، بولۇپمۇ ئىدلىبتە، نامايىشلار ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ پائالىيەتلىرى تەھرىرۇششامنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلماقتا (BBC Arabic, Ocak 2025). بۇ ئاساسىي قاتلام ھەرىكەتلىرى، تەھرىرۇششامنىڭ

ئىقتىسادىي باغلىنىشىنى ئەخلاقىي ھەمدەرتلىكتىن ئەلا بىلسە، يەرلىك قانۇنىي ئورنىنى خەۋپكە ئىتتىرىدۇ. يەنە بىرى ئىسلامچى كىملىك بولۇپ، تەھرىرۇششامنىڭ ئەلقائىدە بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشى ۋە ھازىرقى مۆتىدىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى مەركەز قىلغان ئوبراز يارىتىش تىرىشچانلىقلىرى نازۇك بىر تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قوللىغۇچىلىرى ئارىسىدا ئىشەنچلىكلىكىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما ھالقىلىق بىر ئىقتىسادىي ھەمراھ بولغان خىتاينى يىراقلاشتۇرۇش خەۋپىنى ئېلىپ كېلىدۇ .(BBC Arabic, Ocak 2025) تەھرىرۇششامنىڭ ئادالەت ۋە ئىسلامىي قىممەت قاراشلارنى تەكىتلەيدىغان سۆزلىرى، ئاساسىي قاتلىمىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئىشارەتلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا رايونلۇق دىنامىكىلار مەۋجۇت بولۇپ، تەھرىرۇششامنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسى تۈركىيە، مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەخلاقىي نوپۇز تىكلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللاندى، مۇھىم بىر بۆلۈك ئۇيغۇر دىئاسپوراسىغا ساھىبخانلىق قىلدى ۋە بۇ مەسىلىنى خەلقئارالىق سۇپىلاردا ئوتتۇرىغا قويدى .(Al-Istiqlal, Ocak 2025) تۈركىيەنىڭ شىمالىي سۈرىيەدىكى تەسىرى، ھەيئەتى تەھرىرۇششامنى ئەنقەرەنىڭ مەيدانىغا ماس ھالدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بايانات بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا قارىتا، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە قاتار قاتارلىق خىتاي مەبلىغى سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغان ئەرەب دۆلەتلىرى، رايونلۇق ئىناقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن تەھرىرۇششامنى بىتەرەپلىككە تارتىشى مۇمكىن .(Lebanon24, Ocak 2025) سۈرىيە جامائىتىنىڭ ئۇيغۇر كىرىزىسىدىن خەۋەردارلىقى، يەرشارىۋى تاراتقۇلار ۋە بولۇپمۇ تۈركىيە ۋە ياۋروپادىكى دىئاسپورا تورلىرى تەرىپىدىن بارغانسېرى ئاشۇرۇلماقتا.

Syria News (Nisan 2025)، ھەيئەتى تەھرىرۇششامنىڭ ئىككى خىل ئىستراتېگىيە قوللىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: خىتاي بىلەن كۈچلۈك ئىقتىسادىي باغلىنىشنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، يەرلىك ۋە رايونلۇق ئاممىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەييارلانغان باياناتلارنى بېرىش. ھىندونېزىيە قاتارلىق باشقا مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە كۆرۈلگەن بۇ ئۇسۇل، جىددىيلىكنى پەسەيتىشى مۇمكىن، ئەمما جامائەتنىڭ كۈتكەنلىرىنى تولۇق قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن.(Syria News, Nisan 2025)

خىتاينىڭ مەيدانى: ئىقتىسادىي دىپلوماتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قاچۇرۇش

خىتاينىڭ سۈرىيە سىياسىتى، ئارىلىشىۋالماسلىق تەلىماتى ۋە ئىقتىسادىي دىپلوماتىيەگە تايىنىدۇ ھەمدە ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مالىيە كۈچىنى ئىشلىتىدۇ. بېيجىڭ، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ، تەھرىرۇششامنىڭ ئۆزىنىڭ دائىشقا قارشى سۆزلىرى ۋە خەۋپسىزلىك ئالدىنقى شەرتلىرى بىلەن ماس كېلىدىغان بىر بايان .(SANA, Nisan 2025) ئىقتىسادىي جەھەتتىن، خىتاينىڭ دەسلەپتە 10-20 مىليارد دوللارلىق قايتا قۇرۇش مەبلىغى

سىلىش ۋەدىسى، تەھرىرۇششامنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم بىر پىشاك بىلەن تەمىنلەيدۇ (Washington Institute, Ocak 2025). خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى، سۈرىيەنى «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھېكايىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ ۋە شەرتسىز ياردىمىنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەرتلىك ۋە چەكلىك ئىمبارگولىرى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ (SCMP, 18 Aralık 2024). بۇ بايان، سۈرىيەنىڭ قايتا قۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىرىغا جاۋاب بېرىپ، خىتاينىڭ شەرتسىز ئارىلىشىش تەمىنلەيدىغان بىر ھەمراھ سۈپىتىدىكى رولىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تەسىرسىز قالدۇرۇش ئۈچۈن خىتاي، كۆپ تەرەپلىمىلىك بىر ئىستراتېگىيە قوللىنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ئىقتىسادىي رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ، سۈرىيەنىڭ ماسلىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قەرزنى كېچىكتۈرۈش، ئېتىبارلىق سودا كېلىشىملىرى ۋە ئۇل ئەسلىھە مەبلىغى تەمىنلەيدۇ (Lebanon24, Ocak 2025). مەسىلەن: خىتاي، سۈرىيەنىڭ دىپلوماتىك ھەمكارلىقىغا بېقىنىپ، شام-ھەلەب تۆمۈريولى ئۈچۈن مەبلەغ تەكلىپ قىلدى (Syria TV, Mart 2025). يەنە بىرى بايانىنى كونترول قىلىش بولۇپ، تەنقىدلەرنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نىشانلىرىنى تەكىتلەيدۇ. خىتاي ئەمەلدارلىرى، تەھرىرۇششامنىڭ دائىشقا قارشى كۈرىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلەر ئارىسىدا ئوخشاشلىقلارنى تېپىپ، ھەر ئىككىلىسىنى ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقى دەپ تەشۋىق قىلدى (SANA, Nisan 2025). ئۈچىنچىسى باشقا رايونلۇق مىساللارنى قوللىنىدۇ: پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ماسلىشىشلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەندىشىلىرى ئورنىغا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقىنى مىسال قىلىدۇ (Al-Istiqlal, Ocak 2025). خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان تەجرىبىسى، سۈرىيەنىڭمۇ ئوخشاش بىر يولنى تۇتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئۈچۈر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاخىرىدا دىپلوماتىك ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ، تەنقىدلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتلەرنى قويۇقلاشتۇرىدۇ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سۈرىيەلىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىتايدا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىش قاتارلىق تەشەببۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (SCMP, 3 Mayıs 2025).

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى چوڭ پىلانلىرىنى بۇزۇش يوشۇرۇن كۈچىدىن تولىمۇ خەۋەردار (Lebanon24 (Ocak 2025. بېيجىڭنىڭ سۈرىيەنىڭ سۈكۈتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلىرىنى ئاشۇرۇشى، بەلكىم قوشۇمچە ئىقتىسادىي ئېتىبار بېرىش ياكى ئەرەب بىرلەشمىسى قاتارلىق رايونلۇق مۇنبەرلەردە تەسىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خىتاينىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئارىلىشىشى، خەتەرلەرنى ئازايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سۈرىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ھېسابلانغان بىر ئىستراتېگىيەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانى: كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئىستراتېگىيەلىك چەكلىمىلەر

ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى، تەھرىرۇششامنى ئەلقائىدە بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشى سەۋەبىدىن تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتكەنلىكى ۋە خەۋپسىزلىك ئەندىشىلىرى تۈپەيلىدىن سۈرىيەنىڭ تەھرىرۇششام باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمىتىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلماقتا. ۋاشىنگتون ئىنستىتۇتى (يانۋار 2025)، ئامېرىكانىڭ ھەرقانداق ئارىلىشىشىنى تەھرىرۇششامنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىشى، ئاز سانلىقلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىشى ۋە تېررورلۇققا قارشى ئاكتىپ كۈرەش قىلىشىغا باغلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى سۈرىيەگە قارىتىلغان ئىقتىسادىي جازالارنىڭ ئاساسلىق بىر سىياسەت قورالى سۈپىتىدە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ (Washington Institute, Ocak 2025). شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى، غەربنىڭ خىتاي بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان سۆھبەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرىدىن بىرىدۇر. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئورگانلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزدى ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنى بېيجىڭنىڭ قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىشقا چاقىردى (BBC Arabic, Ocak 2025).

غەرب ئىستراتېگىيەلىرى مۇھىم توسالغۇلارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ بىرى چەكلىك پىشاڭ بولۇپ، خىتاينىڭ ئەكسىچە، غەرب دۆلەتلىرى سۈرىيەگە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە قايتا قۇرۇش ياردىمى بەردى، بۇ تەھرىرۇششامنىڭ خىتاينىڭ شەرتلىرى ئالدىدىكى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى (Washington Institute, Ocak 2025). ئامېرىكا، چەكلىك ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى ئاجراتتى، ئەمما خەۋپسىزلىك خەۋپىنى باھانە قىلىپ، چوڭ كۆلەملىك ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىگە ۋەدە بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى (SCMP, 3 Mayıs 2025). يەنە بىرى ئېمبارگو مەسىلىسى بولۇپ، قەيسەر قانۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېمبارگولار، 15 مىليون كىشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىگە موھتاج بولغان سۈرىيە كرىزىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرماقتا (Washington Institute, Ocak 2025). بۇ، غەرب پايتەختلىرىدە ئىنسانپەرۋەرلىك كەچۈرۈملىرى ھەققىدە مۇنازىرىلەرگە يول ئاچتى. تەنقىدچىلەر، ئېمبارگولارنىڭ خىتاينىڭ ئورنىنى كۈچەيتىپ، غەربنىڭ ئارىلىشىشىنى چەكلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە (SCMP, 3 Mayıs 2025). ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ھوقۇقىنى قوغداش مەسىلىسى بار، ئامېرىكا، تەھرىرۇششامنى خىتاي بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە بۇنى تەھرىرۇششامنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە يەرشارىۋى مۇسۇلمانلار ھەمدەردلىكىگە بولغان ساداقىتىنىڭ بىر سىنىقى سۈپىتىدە بايان قىلدى (BBC Arabic, Ocak 2025). ئەمما، سۈرىيەنىڭ خىتايغا بولغان ئىقتىسادىي بېقىندىلىقى، بۇ قوغداشنىڭ ئۈنۈمىنى بۇزىدۇ. تەھرىرۇششام، ئەخلاقىي مەيدان ئورنىغا قايتا قۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ (Washington Institute, Ocak 2025). ئاخىرىدا، غەرب دۆلەتلىرى، سۈرىيە بىلەن قانداق ئالاقە ئورنىتىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ ئىچىدە. ئامېرىكا قاتتىق مەيدان تۇتۇۋاتىدۇ،

فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرى بولسا خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ تەسىرىنى چەكلىگۈدەك مۇداخىلە قىلىپ تۇرۇپ، سۇرىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا (SCMP, 3 Mayıs 2025).

ۋاشىنگتون ئىنستىتۇتى(Ocak 2025) ، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ تەسىرىنى تورمۇزلاش ئۈچۈن ئىككى خىل ئىستراتېگىيە قوللىنىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ: ھاكىمىيەت ئىسلاھاتىغا باغلانغان نىشانلىق قايتا قۇرۇش ياردىمى بېرىش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېمبارگولارنى يېنىكلىتىش. ئەمما، ئىچكى سىياسىي چەكلىمىلەر ۋە خەۋپسىزلىك ئەندىشىلىرى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چەكلەيدۇ ۋە غەرب دۆلەتلىرىنى خىتاينىڭ تەشەببۇسكار ئارىلىشىشىغا سېلىشتۇرغاندا پايدىسىز بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ (Washington Institute, Ocak 2025). BBC Arabic (Ocak 2025)، غەربنىڭ ئۇيغۇر ھوقۇقلىرىنى قوغدىشى، بولۇپمۇ غەربنىڭ چەكلىك ئىقتىسادىي ياردىمى سەۋەبىدىن ئىككى يۈزلىمچىلىك دەپ قارالسا، تەھرىرشامنى يىراقلاشتۇرۇش خەۋپىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## گېئوپولىتىكىلىق ئىنكاسلار

خىتاينىڭ سۇرىيە بىلەن ئارىلىشىشى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى ۋە غەرب سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىر كۈچ كۆرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ كەڭ بىر رىقابەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىرىنچىدىن، خىتاينىڭ كۆچىيىۋاتقان تەسىرى: تەھرىرشام بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەمكارلىق، خىتاينىڭ ئارىلىشىۋالماسلىق مودېلىنى ئىراق ۋە يەمەن قاتارلىق باشقا توقۇنۇشتىن كېيىنكى دۆلەتلەرگە خىتاب قىلىدىغان ئەمەلىيلىشىشچان بىر تاللاش سۈپىتىدە مۇستەھكەملىشى مۇمكىن .(SCMP, 3 Mayıs 2025) سۇرىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا بىرلەشتۈرۈلۈشى، خىتاينىڭ رايونلۇق سودا تورلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەغلۇپ بولۇش، بولۇپمۇ سۇرىيەدە جامائەت پىكرىنىڭ ئىنكاسى مەسىلىنى چوڭايتسا، بېيجىڭنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئىشەنچلىكلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن (Lebanon24, Ocak 2025). ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر خەۋپى: سۇرىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلىشى، باشقا مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنى بېيجىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، دومىنو ئۈنۈمىنى يارىتىشى مۇمكىن. بۇ، پاكىستان، ئىئوردانىيە ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردە، يەنى جامائەت پىكرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە قايناۋاتقان جايلاردا «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرلىرىنى خەتەرگە ئۇچرىتىشى مۇمكىن .(Lebanon24, Ocak 2025) بۇنداق بىر سېنارىيە، بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر دىئاسپورا تورلىرىنى ھوقۇق قوغداش تىرىشچانلىقلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى مۇمكىن .(Al-Istiqlal, Ocak 2025) ئۈچىنچىدىن، غەربنىڭ چېكىنىشى: غەربنىڭ ئېھتىياتچان پوزىتسىيەسى، سۇرىيەنى خىتاي ۋە رۇسىيەگە تارتتۇرۇپ قويۇش خەۋپىنى ئېلىپ

كېلىدۇ ۋە ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ (Washington Institute, Ocak 2025). ئۇيغۇر ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئەخلاقىي جەھەتتىن مەجبۇرلىغۇچى بولسىمۇ، تەھرىرۇششامغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي رىغبەتلەندۈرۈشلەر بولمىسا ئۈنۈملۈك بولمايدۇ. غەربنىڭ ئېمبارگولىرى سۈرىيەنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇپ، بېيجىڭغا يېقىنلاشتۇرىدۇ (SCMP, 3 Mayıs 2025). تۆتىنچىدىن، تۈركىيەنىڭ مۇھىم رولى: تەھرىرۇششامنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسى ۋە ئۇيغۇر ھوقۇقلىرىنىڭ ئاۋازلىق قوغدىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىيە، ئۆزگىچە بىر ئورۇنغا ئىگە. شىمالىي سۈرىيەدىكى تەسىرى، بولۇپمۇ تەھرىرۇششام ئەنقەرەنىڭ رايونلۇق بۈيۈك پىلانلىرى بىلەن ماسلىششقا تىرىشسا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى چوڭايتىشى مۇمكىن (Al-Istiqlal, Ocak 2025). ئەمما، تۈركىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي باغلىنىشلىرى، ئۇنىڭ ھوقۇق قوغداش ھەرىكىتىنى يۇمشىتىشى ۋە مۆرەككەپ بىر ھەرىكەتچانلىق يارىتىشى مۇمكىن (Syria TV, Mart 2025).

خىتاي-سۈرىيە مۇناسىۋىتى يەرشارىۋى كۈچ رىقابىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر ئەينىكى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۇيغۇر كىرىزىسى ھالقىلىق بىر ئايرىلىش سىزىقى سۈپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. نەتىجە، تەھرىرۇششامنىڭ يەرلىك ۋە رايونلۇق بېسىملارنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا، خىتاينىڭ دىپلوماتىك چاققانلىقىغا ۋە غەربنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى ماسلاشتۇرۇش ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ.

## كەلگۈسىدىكى مۇمكىنچىلىكلەر

خىتاي-سۈرىيە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن بولغان بىر قانچە مۇمكىنچىلىك تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئەمەلىيەتچان ماسلىشىش: تەھرىرۇششام، قايتا قۇرۇش مەبلىغىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىپ، خىتاي مەبلىغىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ مۇمكىنچىلىك، خىتاينىڭ رايونلۇق تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان سۈرىيەلىكلەر ئارىسىدا يەرلىك خاتىرجەمسىزلىك خەۋپىنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يوشۇرۇن ھالدا تەھرىرۇششامنىڭ قانۇنىي ئورنىنى زېدىلەيدۇ (Syria News, Nisan 2025). ئىككىنچى، سىمۋوللۇق تەنقىد: تەھرىرۇششام، يەرلىك ۋە رايونلۇق ئامىمىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يېنىك، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەييارلانغان باياناتلارنى بېرىدۇ ۋە خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي باغلىنىشىنى ساقلاپ قالىدۇ. ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈلگەن بۇ ئۇسۇل، جىددىيلىكنى پەسەيتىشى مۇمكىن، ئەمما جامائەت تەلەپلىرىنى تولۇق قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن (Al-Istiqlal, Ocak 2025). ئۈچىنچى، غەربنىڭ ئارىلىشىشى: كۈچىيىۋاتقان غەرب ياردىمى ۋە ئېمبارگولارنىڭ يېنىكلىتىلىشى، تەھرىرۇششامنى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، خىتاي-سۈرىيە مۇناسىۋەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ. ھازىرقى غەربنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ۋە چەكلىك مالىيە ۋەدىلىرى سەۋەبىدىن بۇ مۇمكىنچىلىك ئېھتىماللىقى تۆۋەن (Washington Institute,

(Ocak 2025). تۆتىنچى، رايونلۇق كەسكىنلىشىش: تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارغا باشقا مۇسۇلمان ئەللەرگە قارىغاندا بەكرەك ھېسداشلىق قىلىشى، تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن تەھرىرۇششامنى بىر مەيدان تۇتۇشقا مەجبۇرلاپ، خىتاينىڭ سۈرىيە ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانلىرىنى بۇزۇشى مۇمكىن. باشقا مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرمۇ بۇ يولنى تۇتسا، بۇ مۇمكىنچىلىك كۈچىيىشى مۇمكىن (Lebanon24, Ocak 2025). بەشىنچى، ئاساسىي قاتلام قوزغىلىشى: ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ۋە دىئاسپورا تورلىرى تەرىپىدىن قۇترىتىلغان سۈرىيەدىكى كۈچىيىۋاتقان جامائەت نارازىلىقى، تەھرىرۇششامنى خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي باغلىنىشلىرى بەدىلىگە بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك بىر مەيداننى تۇتۇشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ مۇمكىنچىلىك ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولسىمۇ، نامايىشلار كۈچەيسە، رايونلۇق دىنامىكىلارنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.(BBC Arabic, Ocak 2025)

## سىياسەت تەكلىپلىرى

خىتاي-سۈرىيە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپ ئۆزئارا تەسىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئالاقىدار تەرەپلەر تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئويلىشىشى كېرەك:

سۈرىيە (ھەيئەتى تەھرىرۇششام) ئۈچۈن:

خىتاي مەبلىغىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، يەرلىك ۋە رايونلۇق ئەنسىرەشلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنى ئەۋەتىش ياكى ئۇلارنى سۈرىيە جەمئىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ...

غەرب دۆلەتلىرى ئۈچۈن:

ھاكىمىيەت ئىسلاھاتىغا باغلانغان نىشانلىق قايتا قۇرۇش ياردىمى بېرىش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېمبارگولارنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق خىتاينىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئۇيغۇر ھوقۇقلىرىنى قوغداشنى ب د ت قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇنبەرلەر ئارقىلىق كۈچەي ۋە ھەيئەتى تەھرىرۇششامغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن تۈركىيەنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەك .(Washington Institute, Ocak 2025)

تۈركىيە ئۈچۈن:

تەھرىرۇششام ئۈستىدىكى تەسىرىنى ئۇيغۇر ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي باغلىنىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى لازىم. غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ماسلاشقاندا، بېيجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرۇۋەتمەي تۇرۇپمۇ، رايوندىكى تەسىرىنى ئاشۇرالايدۇ.(Syria TV, Mart 2025)

## خۇلاسە

خىتاينىڭ سۈرىيەنىڭ تەھرىرۇششام باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمىتى بىلەن ئارىلىشىشى، قايتا قۇرۇش كېلىشىملىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە غەرب ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي دىپلوماتىيەنى ئىشلىتىپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش يۆنىلىشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك بىر ھەرىكەتتۇر. ئەمما، 1884-يىلى خىتاي تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە 1949-يىلى كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدا تولۇق بىرلەشتۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى، خىتاينىڭ بۇ يولىغا نىسبەتەن بىر توسالغۇ شەكىللەندۈرمەكتە. سۈرىيەنىڭ ئىقتىسادىي چارىسىزلىكى ئۇنى خىتاي بىلەن ماسلىشىشقا قىستايدۇ ، ئەمما جامائەت پىكرىنىڭ سەزگۈرلۈكى، تەھرىرۇششامنىڭ ئىسلامچى يىلتىزى ۋە تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھوقۇق قوغدىشى، بۇ مەسىلىنى بىر تالاش-تارتىش نۇقتىسى سۈپىتىدە يۇقىرى كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان غەرب دۆلەتلىرى، ئېمبارگولارغىلا بېقىنىپ قېلىشى ۋە چەكلىك ئارىلىشىشلىرى سەۋەبىدىن خىتاينىڭ پىشاڭ كۈچىگە قارشى تۇرۇشتا قىينالماقتا. خىتاي-سۈرىيە مۇناسىۋىتى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كەڭ بىر گېئوپولىتىكىلىق كۈرەشنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى سۇنىدۇ ۋە ئۇيغۇر كىرىزىسى، ئەخلاقىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ ھالقىلىق بىر سىنىقى سۈپىتىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. سۈرىيە، ئەسەدتىن كېيىنكى كەلگۈسىنى پىلانلاۋاتقاندا، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بەرگەن جاۋابى، پەقەت خىتاي بىلەن بولغان باغلىنىشىنىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئورنىنى ۋە يەرشارىۋى تەرتىپنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ دىنامىكىلارنىڭ ھەل قىلىنىشى، ئوتتۇرا شەرق گېئوپولىتىكىسى، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشچانلىقى ۋە يەرشارىۋى كىشىلىك ھوقۇق كۈنتەرتىپى ئۈچۈن كەڭ دائىرىلىك تەسىرلەرگە ئىگە بولىدۇ.

## مەنبەلەر


South China Morning Post. (2024, 18 Aralık). “Çin, Suriye’nin Yeni Yöneticilerine Destek Sinyali Veriyor, Batı Tereddütlü Kalıyor.”

• South China Morning Post. (2025, 28 Nisan). “Suriye Dışişleri Bakanı Çin ile ‘İlişkileri Güçlendirmek’ İstiyor.”

• South China Morning Post. (2025, 3 Mayıs). “Suriye’deki Zorluklar Çin’in Ortadoğu Hırslarının Önüne Engel mi Olacak?”

• BBC Arabic. (2024, 20 Aralık). “Suriye: Esad’ın Düşüşünden Sonra Gelecek Ne Getirecek?”

• BBC Arabic. (2025, Ocak). “Podcast: Suriye’nin Yeni Bölümü.”

• Al-Istiqlal. (2025, Ocak). “HTŞ’nin Pragmatizmi Çin-Suriye Bağlarını Güçlendirecek mi?”

Lebanon24. (2025, Ocak). “Suriye’nin Zorlukları Çin’in Ortadoğu Hırslarını Engelleyecek mi?”

• Washington Institute for Near East Policy. (2025, Ocak). “Yeni Suriye Hükümetinde Çin’in Etkisini Kısıtlama.”

• Syria TV. (2025, Mart). “HTŞ Lideri Çin Heyetiyle Yatırım Olanaklarını Tartışıyor.”

- SANA. (2025, Nisan). “Suriye, Yeniden Yapılanma için Çin Desteğini Memnuniyetle Karşılıyor.”
- Syria News. (2025, Nisan). “Suriye’nin Yeni Hükümeti Çin ile Ekonomik Bağlar Arıyor.”